# ناماzنى تەرك قىلىپ تۇتۇلغان رامىزان روزىسى دۇرۇس بولمايدۇ
[uyghur-ئۇيغۇرچە-الأويغورية]

سەئۇدى ئەرەبىستان ئىلمى تەتقىقات دىنى پەتىۋا تەشۋىقات كومىتېتى

تەرجىمە قىلغۇچى: مىنەۋۋەر بىنتى نىئمەتۇللاھ

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ن.تەمكىنى

نەشىر ھوقۇقى مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ

2011 - 1432

IslamHouse.com

# ﴿ لا يقبل الصيام مع تضييع الصلاة ﴾

«باللغة الأويغورية»

اللجنة الدائمة للبحوث العلمية والإفتاء والدعوة والإرشاد

ترجمة: منورة بنت نعمة الله

مراجعة: ن. تمكيني

حقوق الطبع والنشر لكل مسلم

2011 - 1432

IslamHouse.com

## نامازنى تەرك قىلىپ تۇتۇلغان رامىزان روزىسى دۇرۇس بولمايدۇ

49698- نومۇرلۇق سوئال

سوئال :

رامىزاندا بەش ۋاخ نامازنى ئادا قىلماي تۇرۇپ تۇتقان روزا دۇرۇس بولامدۇ؟ بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئاللاھقا ھەمدۇ-سانالار بولسۇن

نامازنى تەرك قىلغۇچىنىڭ روزا، زاكات، ھەجگە ئوخشاش ئەمەللىرىنىڭ ھېچقايسىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ.

بۇرەيدە رەزىيەللاھۇئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « كىمكى ناماز ئەسرنى تەرك قىلىدىكەن ئۇنىڭ ئەمەللىرى ئۆچۈرۈلىدۇ .» [ بۇخارىي رىۋايىتى 520- نومۇرلۇق ھەدىس]. يۇقىرىدىكى ھەدىستىكى "ئۆچۈرۈلىدۇ" دېگەن سۆزلۈكنىڭ مەنىسى : يەنى ئەمەللىرى يوققا چىقىرىلىدۇ ۋە مەنپەئەت بەرمەيدۇ دېگەنلىك بولۇپ، بۇ ھەدىس بىزگە نامازنى تەرك قىلغۇچىنىڭ ئەمەللىرىنىڭ قوبۇل بولمايدىغانلىقىنى، ھەتتانامازنى بەرپا قىلماي تۇرۇپ قىلغان باشقا ئەمەللىرىنىڭمۇ مەنپەئەت بەرمەيدىغانلىقى، شۇنداقلا مەزكۇر ئەمەلنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا كۆتۈرۈلمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىبنى قەييۇم رەھىمەھۇللاھ ناماز توغرىسىدىكى ئەسىرىدە مەزكۇر ھەدىسنىڭ شەرھىسىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "بۇ ھەدىستە ئايان

بولغان تەرك قىلىش ئىككى خىل بولۇپ، بىرىنچىسى: ھەممىنى تەرك قىلىپ پەقەتلا ناماز ئوقۇماسلىق. بۇ بولسا بارلىق ئەمەللەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ. ئىككىنچىسى : مەلۇم نامازنى مەلۇم كۈنلەردە تەرك قىلىش بولۇپ، بۇ بولسا تەرك قىلغان شۇ كۈنىنىڭ ئەمىلىنى ئۆچۈرىدۇ. بىر يىل تەرك قىلغان بولسا قارشىسىدا بىر يىل ئىچىدە قىلىنغان ياخشى ئەمەللەر ئۆچۈرۈلىدۇ. مەلۇم ۋاقىت تەرك قىلغان بولسا ئۇنىڭ قارشىسىدا مەلۇم ۋاقىت ئۆچۈرۈلىدۇ ". [ئىمام ئىبنى قەييۇم رەھىمەھۇللاھنىڭ ناماز كىتابى ناملىق ئەسىرىنىڭ 65-بېتىگە مۇراجىئەت قىلىنسۇن].

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن نامازنى تەرك قىلغۇچىنىڭ روزىسىنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا سورالغىنىدا، تۆۋەندىكىدەك جاۋاب بەرگەن: "نامازنى تەرك قىلغۇچىنىڭ روزىسى توغرا ئەمەس ھەم قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى نامازنى تەرك قىلىش كۇپۇرلۇق يەنى مۇرتەدلىك. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ئۇلار (كۇفرىدىن) تەۋبە قىلسا، ناماز بەرپا قىلسا، زاكات بەرسە، دىنىي

جەھەتتە سىلەرنىڭ قېرىنداشلىرىڭلار بولىدۇ (يەنى ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتتە ئۇلار سىلەر بىلەن ئوخشاشتۇر). بىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن، ئايەتلەرنى تەپسىلىي بايان قىلىمىز.» [سۈرە تەۋبە 11-ئايەت].

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «مۇسۇلمان بىلەن كۇفىر ۋە شېرىك ئوتتۇرىسىدىكى پەرق نامازنى تەرك قىلىشتۇر.» [مۇسلىم رىۋايىتى 82-نومۇرلۇق ھەدىس] .

يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ: «بىز بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى كېلىشىم نامازدۇر كىمكى ئۇنى تەرك قىلىدىكەن، ئۇ ئاللاھقا كۇفرىلىق قىلغان بولىدۇ.» [تىرمىزى رىۋايىتى 2621-نومۇرلۇق ھەدىس، شەيخ ئالبانى سەھىھلىگەن]. يۇقىرىدىكى سۆزلەر بولسا، كۆپلىگەن ساھابە كىراملارنىڭ كۆز قاراشلىرىغا ئۇيغۇندۇر.

ئابدۇللاھ ئىبنى شەقىق -ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن - ئۇ بولسا مەشھۇر تابىئىنلاردىن بولۇپ، بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى نامازدىن باشقا ئەمەللەرنىڭ تەرك قىلىنىشىنى كۇفىر كاتىگورىيەسىگە كىرىدۇ دەپ قارىمايتتى". يۇقىرىدىكى كۆزقاراشقا ئاساسلانغاندىمۇ؛ كىمكى روزا تۇتۇپ نامازنى ئادا قىلمىسا، ئۇنىڭ روزىسى رەت قىلىنىدۇ ۋە قوبۇل بولمايدۇ. قىيامەت كۈنى بۇ روزا ئاللاھنىڭ ئالدىدا مەنپەئەت بەرمەيدۇ. بىز ئۇ ئىنسانغا دەيمىزكى: ئاۋۋال ناماز قىلىڭ ئاندىن روزا تۇتۇڭ. ئەمما سىز روزا تۇتۇپ ناماز ئوقۇمىسىڭىز روزىڭىز رەت قىلىنىدۇ. سىزنىڭ نامازنى ئومۇمى تەرك قىلغانلىقىڭىز، نامازنى ئىنكار قىلغانلىقىڭىزدۇر، نامازنى ئىنكار قىلغانلىقىڭىز ئاللاھقا كۇپرى قىلغانلىقىڭىزدۇر. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، كاپىردىن ئىبادەت قوبۇل قىلىنمايدۇ.

سەئۇدى ئەرەبىستان ئىلمى تەتقىقات دىنى پەتىۋا تەشۋىقات كومىتېتى، ئەگەر ئىنسان رامىزاندا ناماز ۋە روزىغا ھېرىسمەن بولۇپ، رامىزاندىن كېيىنلا نامازنى تاشلىسا ئۇنىڭ روزىسى قوبۇل بولامدۇ؟ دەپ سورالغىنىدا تۆۋەندىكىدەك جاۋاب بەرگەن: "ناماز بولسا، ئىسلامنىڭ ئاساسلىرىدىن بىرى بولۇپ، ھەمدە شاھادەتتىن قالسىلا ئەڭ مۇھىم ئاساس ۋە قىلمىسا بولمايدىغان پەرزلەردىن ھېسابلىنىدۇ. كىمكى نامازنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ قەستەنلىك بىلەن تەرك قىلسا، ئەھمىيەتسىز دەپ قارىسا، ياكى ھورۇنلۇقتىن تەرك قىلسا ئاللاھقا كۇپرى قىلغان بولىدۇ. ئەمما رامىزاندا روزا تۇتۇش مۇناسىۋىتى بىلەنلا ناماز ئوقۇپ، باشقا ۋاقىتتا ناماز قىلمىغانلىق بولسا، ئاللاھنى ئالدىغانلىق بولىدۇ. ئاللاھنى رامىزاندىلا تونۇيدىغان، باشقا ئايلاردا گەدەنكەشلىك قىلىدىغان كىشىلەر نېمىدېگەن ناچار ئىنسانلار ھە!. ئۇلارنىڭ رامىزاندىن باشقا چاغدا نامازنى تەرك قىلغانلىقى ئۈچۈن، رامىزان روزىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ. نامازنىڭ پەرزلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ قەستەنلىك بىلەن تەرك قىلسا ئۆلىمالارنىڭ توغرا كۆز قاراشلىرىدا ئۇلار كاپىر ۋە ئەڭ چوڭ كۇفرىلىق بولىدۇ ".

ھەممىدىن توغرىسىنى بىلگۈچى ئاللاھتۇر.

ئاللاھ ھەممىمىزنى نامازنى بەرپا قىلىدىغانلاردىن قىلسۇن.